# ئەھمەد يەسەۋي- ھاياتى، ئەسەرلىرى، ئىدىيەسى ۋە تەسىرى

پروفېسسور، دوكتور ئەھمەد تۇران يۈكسەل

(تۈركىيە سەلجۇق ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيات فاكۇلتېتى ئىسلام تارىخى بۆلۈمىدە)

تۈركچىدىن ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس مەھزۇن تەرجىمىسى | ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنىستىتۇتى

## 1-ھاياتى

ئەھمەد يەسەۋي، بۈيۈك سەلجۇقىيلار دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى شانلىق دەۋرلىرىدە ياشىغان بولۇپ، ئۇ «تۈركىستان پىرى، تۈركىستان خوجىسى، ھەزرىتى سۇلتان، ئەۋلىيالار سۇلتانى، ئەۋلىيالار سەركىسى ۋە ئاناتولىيەنىڭ مەنىۋى فەتھى قىلغۇچىسى» دېگەندەك شەرەپلىك ناملارغا نائىل بولغان. ئۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلام تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ساھەسىدە تەسىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن مۇتەسەۋۋىپ، شائىر ۋە پەيلاسوپلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاناتولىيە ۋە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئىسلامىيەت بىلەن تۈركىي تىللىرىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ۋە كېڭىيىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان زاتتۇر.

ئەھمەد يەسەۋي، قولىمىزدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا 1085-1095-يىللىرى [1] يەنى، XI-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا[2] ئاھالىسى تۈركىي خەلقلەر ۋە غەيرىي ئەرەبلەردىن تەركىب تاپقان سايرامدا دۇنياغا كەلگەن. سايرام[3] قازاقىستاننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان چىمكەنت شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى تارىم ئۆستەڭگە قويۇلىدىغان شەھيار دەرياسىنىڭ كىچىك بىر ئېقىنى بولغان قاراسۇ چايدىكى بىر جاينىڭ ئىسمىدۇر. بىر قىسىم مەنبەلەردە ئەھمەد يەسەۋي يەسىدە تۇغۇلغان دەپ قارالماقتا.يەسى ھازىرقى قازاقىستاننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان تۈركىستان شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما يەسىدە تۇغۇلغان دېگەن قاراش تازا كۈچلۈك قاراش ئەمەس.[4]

[1] ئەھمەد يەسەۋىينىڭ تۇغۇلغان يىلىنى ئېنىق بىلگىلى بولمىسىمۇ، لىكىن ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلگەن «پېقىرنامە» ناملىق رىسالىدە كۆرسىتىلگەن يەتمىش ئۈچ يىل ياشىغانلىقى، 1166-يىلى ۋاپات بولغانلىقى قاتارلىق ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغىنىمىزدا، ئۇنىڭ 1093-يىلى تۇغۇلغانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. (قاراڭ: ھاياتى بىجە، ئەھمەد يەسەۋي، دىۋانى ھېكمەت، ئەنقەرە 1993-يىل.). 1993- يىلىنىڭ تۈركىيەدە ئەھمەد يەسەۋي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 900-يىلى دەپ ئېلان قىلىنىشىمۇ بۇ قاراشقا تايانغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە باشقا بىر قاراش: 1041-يىلى تۇغۇلغان دېگەن قاراشتۇر. (مۇھەممەد رەھىم جارمۇھەممەد ئۇلى، «خوجا ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ھاياتى ھەققىدىكى يېڭى دەلىللەر ۋە ئۇنىڭ رىسالە ناملىق تونۇلمىغان ئەسىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى»، ئەھمەد يەسەۋي خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالىلەر، 16-بەت، 1992-يىل ئەنقەرە.)

[2] فۇئاد كۆپرۈلۈ، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى «ئەھمەد يەسەۋي» ئىستانبۇل 1975، 1-توم 210-بەت.

[3] چىمكەنتكە 7 كىلومېتىر، يەسى (تۈركىستانغا) 157 كىلومېتىر يىراقلىقتا. ئىسفىجاب ۋە ئاقشەھەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

[4] كەمال ئەرئارسلان، «ئەھمەد يەسەۋي» ديانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل، 1989-يىل، 2-توم، 159-160-بەتلەر.

ئەھمەد يەسەۋىينىڭ دادىسى ئىبراھىم ئىسلامنىڭ يۈكسىلىشىدە ئىسلام تارقاتقان ئۇلۇغ شەيخلەردىن ئىبراھىم شەيخ ئىدى.

ئەھمەد يەسەۋىينىڭ دادىسى ئىبسىل پەزىلەتلىك ئەۋلىيا كىشى بولۇپ، نەسەبى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەگە تۇتىشىدۇ. سايرامدا مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە ئەۋلاتلىرى «خوجا ئەۋلادى» دەپ ئاتالغانلىقى ئۈچۈن ئەھمەد يەسەۋىيمۇ «خوجا ئەھمەد يەسەۋىي ۋە قۇل خوجا ئەھمەد يەسەۋىي» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان.[5]

ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ئانىسى شەيخ ئىبراھىمنىڭ ئورۇن باسارلىرىدىن بىرى بولغان مۇسا شەيخنىڭ قىزى ئائىشە خاتۇندۇر.[6] ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك ياشتا ئايرىلىپ قالغان ئەھمەد يەسەۋىي يەتتە ياشتىن باشلاپ ھەدىسى جەۋھەر شاھنازنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بىر قىسىم مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، جەۋھەر شاھناز نامەلۇم بىر سەۋەب بىلەن ئىنىسىنى ئېلىپ سايرامدىن ئايرىلغان ۋە يەسىگە كېلىپ ماكانلاشقان.[7]

ئەھمەد يەسەۋىي يەتتە ياشقىچە باشلانغۇچ تەھسىلىنى دادىسىدىن ئالغان. تەزكىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ كىچىك يېشىدىن باشلاپلا خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبەت ۋە ئىرشادلىرىغا نائىل بولغان بولۇپ، يەسىدە ئارسلان باباغانىڭ قولىدا تەھسىلىنى داۋاملاشتۇرغان. ئارسلان بابا يەسىدە مەشھۇر زات بولۇپ، خۇراسان مەلامەت ئېقىمى (خۇراساندا پەيدا بولغان مالامەت ئىدىيەسىگە ئىگە تەسەۋۋۇپ ئېقىمى-ت)نىڭ ۋەكىلى ئىدى.[8] ھەتتا پېشقەدەم ساھابە بولغان ئارسلان بابانىڭ يەسىگە كېلىپ ئەھمەد يەسەۋىينى تېپىشى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئامانىتى بولغان خورمىنى ئەھمەد يەسەۋىيگە بېرىشى، ھەمدە ئۇنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بولغان مەنىۋى بىر ئىشارەتكە ئاساسلانماقتا ئىدى.[9]

بۇ ھەقتىكى تەزكىرىلەرگە قارىغىنىمىزدا، بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەيدىغان ھېچ نەرسىسى قالمىغان ساھابىلەرنىڭ تەلىپى بويىچە ئاللاھتائالاغا دۇئا قىلىدۇ. بۇ دۇئادىن كېيىن پەرىشتە جەبرائىل جەننەتتىن بىر تەخسە خورمىنى ئېلىپ چۈشىدۇ. ساھابىلەر خورمىدىن بىرتالدىن ئېلىپ يەيدۇ. بۇ چاغدا بىرتال خورما يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ، بۇنى كۆرگەن جەبرائىل يەرگە چۈشۈپ كەتكەن خورما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىدىن بىرى بولغان ئەھمەد ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ نېسىۋىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ خورمىنى ساھابىلەردىن بىرىگە ئامانەت قويماقچى بولغاندا، ساھابىلەر ئىچىدىن ئارسلان بابا ئىسىملىك بىرسى بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ خورمىنى ئۆز قولى بىلەن ئارسلان بابانىڭ تامغىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەھمەدنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى قانداق تاپىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ھەمدە ئەھمەدنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنىمۇ ئارسلان باباغا تاپشۇرىدۇ. ئارسلان بابا نەچچە يۈز يىل ئەھمەدنى ئىزدەيدۇ. ئىشارەتلەرگە ئاساسەن يەسىگە كېلىدۇ ۋە يەسىدە بىر توپ باللار بىلەن ئويناۋاتقان ئەھمەدنى تاپىدۇ. ئارسلان بابا خورمىنىڭ گېپىنى چىقارماستىنلا ئەھمەد ئارسلان باباغا ئامانەتنى تاپشۇرۇشنى ئېيتىدۇ. ئارسلان بابا بەشيۈز يىلغا يېقىن تامغىقىدا ساقلاپ يۈرگەن

[5] ئۇنىڭ بۇ شەكىلدە «خوجا» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇشى ئىلمىي تەبىقىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. (ئىرفان گۈندۈز، <ئەھمەد يەسەۋىينىڭ تەرىقەت ۋە ئىرشات ئىدىيەسى> يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، ئەنقەرە 1993-يىل، 192-بەت.
[6] ئانىسى، ئائىشە (قاراچاچ) دېگەن نام بىلەنمۇ مەشھۇر. (ھاياتى بىجە، ئەھمەد يەسەۋىي، دىۋانى ھېكمەت، ئەنقەرە 1993-يىل.)
[7] كەمال ئەرئارسلان، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، ئەنقەرە 1998-يىل، 80-بەت.
[8] يۇقىرىقى ئەسەر.
[9] كەمال ئەرئارسلان، «ئەھمەد يەسەۋىي» دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 2-توم 160-بەت.

خورمىنى ئاغزىدىن چىقىرىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئارسلان بابا ئەھمەدنى تەربىيەلەشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەھمەد ئاخىرى مەنىۋى كامالەت دەرىجىسىگە يېتىپ شۆھرىتى تەرەپ-تەرەپكە تارايدۇ.[10]

ئارسلان بابا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەھمەد يەسەۋىي ئۆز زامانىدىكى مەشھۇر ئىلىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بۇخاراغا بارىدۇ. بۇخارا بۇ دەۋردە قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئىدى. بۇخارادا مەزھەپى ھەنەفىي بولغان ئەلى بۇرھان ئىسىملىك باي بىر ئائىلە سىياسى نۇپۇزغا ئىگە ئىدى. تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن مىڭلارچە تالىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بۇخاراغا كېلەتتى.[11] ئەھمەد يەسەۋىي بۇ يەردە 504\1110[12]-ياكى 518\1124[13]-يىللىرى ئۆز دەۋردىكى داڭلىق ئالىم ۋە مۇتەسەۋۋىپلاردىن شەيخ يۇسۇف ئەل ھەمەدانىي(535\1140)، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئابدۇللاھ بەرقىي(بەراقىي) ۋە شەيخ ھەسەن ئەنداقىيلارنىڭ ئۈچىنچى ئورۇنباسارى سۈپىتىدە ئىرشاد ماقامىغا ئولتۇرىدۇ. ئەمما بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، شەيخىنىڭ بىر ئىشارىتى سەۋەبلىك ماقامىنى شەيخ ئابدۇلخالىق ئەل غىجدىۋانىيغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ يەسىگە قايتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان ئەھمەد يەسەۋىي ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىرشاد پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.[14] ئۇنىڭ بۇ شەھەردە تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر كۈچلۈك بىر تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى مەلۇمدۇر.[15]

كۆپ قىسىم مەنبەلەرگە ئاساسەن 562-563\1166-1167-يىلى ۋاپات بولغان ئەھمەد يەسەۋىي 63 ياشتىن كېيىنكى ئۆمرىنى تەسەۋۋۇپ ئەنئەنىسى بويىچە ھويلىسىدىكى كىچىك ھۇجرا ئاستىغا كولانغان گەمىدە ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا چىڭ تۇرغانلىقى دەپ چۈشەنچە بېرىلىدۇ . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 63 يېشىدا ۋاپات بولغان. بۇ سەۋەبتىن ئەھمەد يەسەۋىي ئۈچۈن بۇ ياشتىن كېيىن يەر يۈزىدە ياشاش سۈننەتكە خىلاپ دەپ قارالغان.[16]

ئەھمەد يەسەۋىينىڭ قانچە ياشتا ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى ھەر خىل قاراشلار دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ 63 ياشتا ۋاپات بولغانلىقىنى قوبۇل قىلغان. يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بولسا ئۇنى 73، 85، 120 ۋە ياكى 125 ياشتا ۋاپات بولغان دەپ قارىغان.[17]

ئەمىر تېمۇرنىڭ بۇيرۇقى 789\1396 بىلەن ياسىلىشقا باشلىغان ئەھمەد يەسەۋىي مەقبەرىسى ئەينى زاماندا بىر مەسجىد ۋە بىر دەرگاھ بىلەن بىللە باشقا بىنالار بىلەن قوشۇلۇپ بىر قانچە يىل ئىچىدە پۈتكۈزۈلگەن.[18] سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار زىيارەت

---

[10] كەمال ئەرئار سلان، ئەھمەد يە سەۋىي، دىۋانى ھېكمەتتىن ئۆزۈندىلەر، ئەنقەرە 1991-يىل، 8-9-بەتلەر؛ ھاياتى دەۋەلى، ئەھمەد يە سەۋىي، ئىستانبۇل، 199-يىل، 18-19-بەتلەر.
[11] فۇئاد كۆپرۈلۈ، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، «ئەھمەد يەسەۋىي» 1-توم، 210-بەت.
[12] كەمال ئەرئارسلان 504\1110-يىلىنى قوبۇل قىلىدۇ.
[13] كەمال ئەرئارسلان، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات.
[14] كەمال ئەرئارسلان، «ئەھمەد يەسەۋىي» ديانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 2-توم 160-بەت.
[15] فۇئاد كۆپرۈلۈ، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، «ئەھمەد يەسەۋىي» 1-توم، 210-بەت.
[16] كەمال ئەرئارسلان، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات؛ دەۋەلى، ئۇخشاش ئەسەر.
[17] مۇھەممەد رەھىم جارمۇھەممەد ئۇلى، «خوجا ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ھاياتى ھەققىدىكى يېڭى دەلىللەر ۋە ئۇنىڭ رىسالە ناملىق تونۇلمىغان ئەسىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى»، ئەھمەد يەسەۋىي خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىندا ئوقۇلغان ماقالىلەر، 16-بەت، 1992-يىل ئەنقەرە.
[18] ئەمەل ئەسىن، ئەھمەد يەسەۋىي كۈللىيەسى، ديانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل،1989-يىل، 2-توم 162-بەت.

قىلىپ تۇرىدىغان بۇ مەقبەرە 1990-يىلى تۈركىيە بىلەن قازاقىستان ئارىسىدا ئىلىپ بېرىلغان كېلىشىم بويىچە، 1992-يىلى ئەسلىي تارىخى ۋە مىمارچىلىق ئۇسلۇبى ساقلاپ قېلىنغان ئاساستا رېمونت قىلىنىپ، 2000-يىلى 9- ئايدا پۈتۈپ رەسمىي ئېچىۋېتىلگەن.

قولىمىزدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئەھمەد يەسەۋىي ھايات ۋاقتىدا ئوغلىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم. ئەھمەد يەسەۋىينىڭ بۇ ئوغلىدىن باشقا جەۋھەر شاھناز ۋە جەۋھەر خۇشناز ئىسىملىك ئىككى قىزى بار بولۇپ، ئۇنىڭ نەسەبى قىزى جەۋھەر شاھناز ئارقىلىق داۋاملاشقان. تۈركىستان، ماۋەرائۇننەھر، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى ۋە ئاناتولىيەدە نەسەبى ئەھمەد يەسەۋىيگە تۇتىشىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان نۇرغۇن مەشھۇر زاتلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. بۇلاردىن بىر قانچىسى، سەمەرقەنتلىك شەيخ زەكەرىيا، ئۈسكۈپلۈك شائىر ئاتا ۋە ئەۋلىيا چەلەبىيلەردۇر.[19]

## 2-ئەسەرلىرى

ئەھمەد يەسەۋىينىڭ «دىۋانى ھېكمەت» ۋە «پېقىرنامە» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

دىۋانى ھېكمەت، ئەھمەد يەسەۋىينىڭ بەشتىن ئونبەش كۇپلېتقىچە ئالماشتۇرۇلۇپ يېزىلغان رۇبائىيلاردىن ئىبارەت بولۇپ «ھېكمەت» دەپ ئاتالغان دىني، سوپىستىك ۋە دىداكتىك ماھىيەتتىكى نەزمىلەردىن توپلانغان ئەسەردۇر. دىۋانى ھېكمەتنىڭ يازما ۋە باسما نۇسخىلىرىدىكى ھېكمەتلەرنىڭ سانىدا بىر قىسىم ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. زامانىمىزغىچە رەتكە تۇرغۇزۇلغان يەسەۋىيگە ئائىت ھېكمەتلەرنىڭ سانى ئىككى يۈز ئەللىك بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ھېكمەتلەرنىڭ بىرىدىكى «تۆتمىڭ تۆتيۈز ھېكمەت بايان قىلدىم» دېگەن ئىپادە پەقەت بىر رىۋايەتتىن ئىبارەتتۇر.[20]

ھېكمەتلەر يەسەۋىينىڭ يېنىدىكى دەرۋىشلىرى تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان ھەمدە يەسەۋىي دەرۋىشلىرىنىڭ ئېغىزىدىن ئەڭ يىراقتىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ يۇرتلىرىغىچە يېتىپ بارغان.[21] بۇنىڭ بىلەن بىللە دىۋانى ھېكمەتنىڭ نۇسخىلىرىدىكى مەزمۇن ۋە تىل جەھەتتىكى پەرقلەر، ئەسەردىكى بارلىق ھېكمەتلەرنىڭ ئەھمەد يەسەۋىيگىلا ئائىت بولماستىن، بەلكى بىر قىسمىنىڭ مۇرىتلىرى ۋە باشقا سوپى شائىرلارنىڭ نەزمىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. ھەتتا فۇئاد كۆپرۈلۈ قولىمىزدىكى دىۋان ھېكمەت ئىسىملىك ئوخشاش ئەسەرنىڭ باشقا بىر يەسەۋىي دەرۋىشى ياكى شەيخىگە ئائىت بولۇش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىغان.[22] قىسقىسى، بارلىق ھېكمەتلەرنىڭ مەنبەسى ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ئېتىقادى، قاراشلىرى ۋە تەرىقىتىنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپلىرىغا تايانغان. بۇ سەۋەبتىن ھېكمەتلەر تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا بىرخىل ئىدىيە بىرلىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.[23]

---

[19] كەمال ئەرئارسلان، «ئەھمەد يەسەۋىي» دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 2-توم 161-بەت.
[20] كەمال ئەرئارسلان، «دىۋانى ھېكمەت» دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل، 1994-يىل، 9-توم 429-بەت.
[21] ھاياتى بىجە، ئەھمەد يەسەۋىي، دىۋانى ھېكمەت، ئەنقەرە 1993-يىل.
[22] فۇئاد كۆپرۈلۈ، تۈرك ئەدەبىياتىدا تۇنجى مۇتەسەۋۋۇپلار، 4-نەشرى، ئەنقەرە، 1981-يىل، 125-بەت.
[23] كەمال ئەرئارسلان، «ئەھمەد يەسەۋىي» دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 2-توم 161-بەت.

ھېكمەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئىسلام دىنى، تۈركىستان تەسەۋۋۇپى ۋە يەسەۋىيلىككە ئائىت ئاساسلاردىن تەركىب تاپقان. بىر قىسىم ھېكمەتلەردە رېئال ئەخلاق ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئارقىدا قالدۇرىدىغان ئامىللار ھەققىدىمۇ توختالغان. مۇناجات، نەئەت (پەيغەمبەر مەدھىيەسى) ۋە تۆت خەلىپىنى مەدھىيەلىگەن ھېكمەتلەردىن باشقا مەزمۇنلارغىمۇ يەر بېرىلگەن بولۇپ ئۇلار: ئىلاھىي ئىشىق، ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقى، مۇتلەق ئىرادىسى ۋە قۇدرىتى، پەيغەمبەر سۆيگۈسى، شەرىئەت، تەركىدۇنيالىق ۋە تەقۋا، ئىسلام ئەخلاقى، قىيامەت، جەننەت ۋە دەزاخ تەسۋىرلىرى، دۇنيا ۋە ساختا ئاشىقلار ئۈستىدىن شىكايەت، مۇتەسەۋۋۇپلارغا ئائىت قىسسەلەر، زىكىر ۋە خىلۋەت قاتارلىق يەسەۋىيلىك ئەدەب-ئەركانلىرىغا ئالاقىدار مەزمۇنلاردۇر.[24]

دىۋانى ھېكمەت ۋە ئەھمەد يەسەۋىينىڭ تىلى قۇتادغۇ بىلىك ۋە مەھمۇد كاشغەرىي تەرىپىدىن تۈركچىنىڭ ئەڭ يۈكسەك شەكلى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان «خاقانىيە تىلى» يەنى، قاراخانىيلار تۈركچىسى بولۇشى كېرەك.[25] بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن دىۋانى ھېكمەتنىڭ XII- ياكى XIII-ئەسىردە يېزىلغان نۇسخىلىرىغا ئېھتىياجىمىز بار.

دىۋانى ھېكمەت دەسلەپ يازما نۇسخا ھالىتىدە يەنى، قولدا كۆچۈرۈش ئارقىلىق، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە مەتبەئەدە بېسىلىپ كۆپەيتىلگەن. قولىمىزدىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، دىۋانى ھېكمەت ئۆتكەن ئىككى ئەسىردە تاشكەنتتە ئون يەتتە قېتىم، ئىستانبۇلدا توققۇز قېتىم، قازاندا بەش قېتىم، بۇخارادا بىر قېتىم، قاغاندا بىر قېتىم بېسىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئۆزبېكىستاندا كىرىل يېزىقىدا ئىككى قېتىم نەشر قىلىنغان. تۈركىيەدە كەمال ئەرئاسلان، ھاياتى بىجە، يۇسۇف ئازمۇن[26] ۋە ئەرخان سەزائىي توپلۇ[27] تەرىپىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ئەسىرى دەپ قارالغان پېقىرنامە دىۋانى ھېكمەتنىڭ تاشكەنت ۋە قازان باسمىلىرىنىڭ باش قىسمىدىكى بىر رىسالىدىن ئىبارەتتۇر. ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئەسەر ھېسابلانمايدىغان بەلكى دىۋانى ھېكمەتنىڭ مۇقەددىمىسى ئورنىدىكى بۇ رىسالە تەسەۋۋۇپنىڭ مۇھىم ئاتالغۇلىرىدىن بىرسى بولغان «پېقىر»نىڭ ماھىيىتى ۋە ئەھمىيىتى، دەرۋىشلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە مەرتىۋىلىرىنى بايان قىلغان ئەسەردۇر. بۇ ئەسەردە شەرىئەتتە ئون، تەرىقەتتە ئون، مەرىپەتتە ئون ۋە ھەقىقەتتە ئون بولۇپ جەمئىي قىرىق دەرىجە بايان قىلىنغان. پېقىرلىقتا ئون دەرىجە، ئون نۇر ۋە ئون دەرىجە بىلەن بىللە ئالتە ئەدەب بارلىقى تىلغا ئېلىنغان.

پېقىرنامىنىڭ دىۋان ھېكمەتنىڭ باشقا يازما نۇسخىلىرىدا بولماسلىقى، بۇ ئەسەرنىڭ ئەھمەد يەسەۋىي تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە يەسەۋىينىڭ ئىدىيەسىنى ئاساس قىلغان بىر يەسەۋىي دەرۋىشى تەرىپىدىن يېزىلىپ، دىۋانغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. پېقىرنامە كەمال ئەرئاسلان تەرىپىدىن

[24] كەمال ئەرئارسلان، ئەھمەد يەسەۋىي، دىۋانى ھېكمەتتىن ئۆزۈندىلەر، ئەنقەرە 1991-يىل، 37-38-بەتلەر؛ يەنە قاراڭ: فۇئاد كۆپرۈلۈ، تۈرك ئەدەبىياتىدا تۇنجى مۇتەسەۋۋۇپلار، 4-نەشرى، ئەنقەرە، 1981-يىل، 145-146، 149-155-بەتلەر.
[25] دەۋلى، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، 35-بەت. بۇ ھەقتىكى باشقا قاراشلار ئۈچۈن قاراڭ: كەمال ئەرئارسلان، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، 93-بەت.
[26] يۇسۇف ئازمۇن، خوجا ئەھمەد يەسەۋىي، دىۋانى ھېكمەت، ئىستانبۇل 1994-يىل.
[27] ئىبراھىم ھەققۇلى، ئەھمەد يەسەۋىي ھېكمەتلىرى، تۈركچىگە ئەرخان سەزائىي توپلۇ، مىللىي مائارىپ نەشرىياتى ئىستانبۇل، 1995-يىل.

نەشر قىلىنغان[28] بولۇپ، نامەلۇم بىر تەتقىقاتچى تەرىپىدىن ئەھمەد يەسەۋىينىڭ كېيىن تېپىلغان ئەسىرى دەپ قارالغان «رىسالە» ناملىق ئەسەر[29] كەمال ئەرئاسلان تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان پېقىرنامىنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

## 3-ئىدىيەسى ۋە تەسىرى

ئەھمەد يەسەۋىي ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان چاغلىرى ياكى كامالەتكە يېتىپ خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولغان دەۋرلەردە بولسۇن ھاياتىنى ئىزچىل ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. تۇرمۇشىنى قوشۇق ئويۇپ سېتىپ قامدىغان.[30] ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن ياشاشنى تەرغىب قىلغان. بۇ تەسەۋۋۇپ ئەھلى مەنىۋىي ئىلىملەردە شۆھرەت قازانغان. ھەنەفىي فىقھشۇناسى ۋە ئۆز دەۋردىكى نىزامىيە مەدرىسەسىدە دەرس بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە شەيخ ئەل ھەمەدانىيدىن مەنىۋىي ۋە زاھىرىي ئىلىملارنى ئۆگەنگەن.

ئەھمەد يەسەۋىينىڭ يەسىدە ئىرشاد ئىشلىرىنى باشلىغان دەۋر، بىر تەرەپتىن بۈيۈك سەلجۇقىيلار سۇلتانى سەنجەر ۋاپات بولۇپ، خارەزملەر سىياسىي جەھەتتە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىستاننىڭ يەتتەسۇ رايونلىرىدا ئىسلام دىنى ۋە تەسەۋۋۇپ ھەرىكەتلىرى كۈچىيىشكە باشلىغان دەۋر ئىدى. ئۇستازىغا ئوخشاش ھەنەفىي فىقھشۇناسى ۋە ئالىم بولۇپ يېتىشكەن ئەھمەد يەسەۋىي ئەرەبچە ۋە پارىسچە بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن تاشكەنت، سىر ۋە ئامۇ دەريا سىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە ياشايدىغان كۆچمەن تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان.[31] باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ تۈپراقلاردىكى ساددا خەلق ئاما ئارىسىغا ئىلىم-مەرىپەت نۇرلىرىنى چاچقان.[32] ئىلىم-مەرىپەت تارقىتىش پائالىيەتلىرىدە چۈشىنىشلىك زاغرا تىل قوللانغان.

ئەھمەد يەسەۋىي، ئەتراپىدىكى ئىنسانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى شەرىئەت-سۈننەت، تەسەۋۋۇپ ۋە خۇراسان مەلامىيلىكى(مەلامەت ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىدىغانلار بارلىققا كەلتۈرگەن تەسەۋۋۇپ ئېقىمى ۋە تەرىقەت-ت) قاتارلىق ئۇچ ئاساسقا تايانغان يەسەۋىيلىكنىڭ ئەدەپ-ئەركانلىرىنى ھېكمەت نامى ئاستىدا ھەجە ۋەزنىنى قوللىنىپ، نەزمىي شەكىلدە ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىپ، تۈرك تىلى بىلەن بايان قىلىپ چىققان. ھېكمەتلەر يەسەۋىي دەرۋىشلىرى ئارقىلىق ئىسلامىيەتنى تېخى قوبۇل قىلمىغان باشقا تۈركىي خەلقلەرغىمۇ تارقالغان.[33] يەسەۋىينىڭ يېقىن ئەتراپىدا توقسان توققۇز مىڭ، باشقا يىراق جايلاردا ئون ئىككى مىڭ مۇرتى ۋە نۇرغۇن ئىزباسارلىرى بار ئىدى.[34]

---

[28] كەمال ئەرئارسلان، يەسەۋىينىڭ پېقىرنامىسى، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمى ژۇرنىلى، 1977-يىل، 22-توم، 45-120-بەت.

[29] مۇھەممەد رەھىم جارمۇھەممەد ئۇلى، «خوجا ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ھاياتى ھەققىدىكى يېڭى دەلىللەر ۋە ئۇنىڭ رىسالە ناملىق تونۇلمىغان ئەسىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى»، ئەھمەد يەسەۋىي خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىندا ئوقۇلغان ماقالىلەر، 13-20-بەتلەر، 1992-يىل ئەنقەرە.

[30] رىۋايەتلەرگە قارىغىنىمىزدا، ئەھمەد يەسەۋىي ئۆزى ئويغان قوشۇقلارنى خورجۇنغا سېلىپ، ئۆكۈزىگە ئارتىپ ئۆكۈزىنى بازارغا ھەيدىۋېتەرمىش. بازاردا قوشۇق ئالىدىغانلار قوشۇقنى ئېلىپ خورجۇنغا پۇل تاشلاپ قويارمىش. ئەگەر قوشۇقنى ئېلىپ، پۇلىسىنى بەرمىگەنلەر بولسا، ئۆكۈز ئۇ كىشىنىڭ كەينىگە كىرىۋالارمىش. (كەمال ئەرئارسلان، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، 84-بەت.)

[31] كەمال ئەرئارسلان، «ئەھمەد يەسەۋىي» دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 2-توم 160-161-بەتلەر.

[32] ئەدھەم جەبەجى ئوغلى، «خوجا ئەھمەد يەسەۋىي» ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيات فاكۇلتېتى ژۇرنىلى، 1993-يىل، 34-توم. 92-بەت.

[33] كەمال ئەرئارسلان، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، 82-بەت.

[34] كەمال ئەرئارسلان،«ئەھمەد يەسەۋىي» دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 2-توم 161-بەت.

ئەھمەد يەسەۋىينىڭ تۈركىي خەلقلەر ياشاۋاتقان يۇرتلاردا مۇستەھكەم تەسىر قالدۇرۇشىدا ھېكمەتلىرى بىلەن بىللە يەنە پۈتۈن تۈرك دۇنياسىغا خىتاب قىلىدىغان مۇرىتلىرى بۈيۈك رول ئوينىغان.ھەتتا بۇ خىل شەكىلدە پۈتۈن رايونلارغا ئورتاق بولغان بىر ئېتىقاد ۋە روھنى روياپقا چىقارغان.[35] ئاناتولىيەدە نەچچە ئەسىردىن بۇيان ياشاپ كەلگەن ۋە مۇسۇلمان بولمىغان قىپچاق، ئوغۇز تۈركلىرى يەسەۋي دەرۋىشلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە مۇسۇلمان بولغان.[36]

ئەھمەد يەسەۋي بىر مۇرشىد ۋە تەربىيەچى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆپچۆرىسىدىكى ئىنسانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ۋە ھۆكۈملىرى بىلەن تەڭ تەسەۋۋۇپ ئېتىقادلىرى، تەرىقەتنىڭ ئەدەپ-ئەركانلىرىدىن تەلىم بەرگەن. ئۇ بۇ ئارقىلىق، ئەتراپىدىكى ئىنسانلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەرزىگۈدەك ئۈممەت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئاساسي نىشان قىلغان.[37] چۈنكى، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە مۇستەھكەم يېپىشقان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چەكسىز ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتى بار زات ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەرزىگۈدەك ئۈممەت بولۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش قىلىش ۋە بۇ ئىككىسىگە مۇستەھكەم ئېسىلىش كېرەك. چۈنكى، شەرىئەت بىلەن تەرىقەت بىر-بىرىدىن ئايرىم نەرسىلەر ئەمەس. ئىماننىڭ شاكىلى شەرىئەت، مېغىزى تەرىقەتتۇر. ئىنسان ھەقىقەتنى ئۆز ئالدىغا تاپالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىر پىر (ئۇستاز)غا موھتاج بولىدۇ. پىرنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، ھەقنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش دېمەكتۇر. بۇ نۇقتىدىن، ھەقىقي پىر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا قايغۇرماسلىق، ئۇلۇغلۇقنىڭ ئاللاھتائالاغا خاس ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلماسلىق ۋە دۇنيا ئىقبالىغا ئىشەنمەسلىك، ئىنسانلارغا قارشى تۈرلۈك يولسىزلىقتىن ساقلىنىش ھەتتا ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلۈش كېرەك.[38]

ئەھمەد يەسەۋي قۇرۇپ چىققان ۋە بىر تۈركىي خەلققە مەنسۇپ كىشى تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا تارقالغان، ئەينى زاماندا ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن مەشھۇر بولغان يەسەۋىيلىكتىن ئىبارەت بۇ تۇنجى تەرىقەت يۇقىرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، شەرىئەت ۋە سۈننەت، تەسەۋۋۇپ ۋە خۇراسان مەلامىيلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسقا تايانماقتا. يەسەۋىيلىكنىڭ تۈپ يىلتىزىنى تەۋھىدنى ئاساس قىلغان تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسى، شەرىئەت ۋە سۈننەتكە شەرتسىز ئېسىلىش، رىيازەت ۋە مۇجاھەدە(تىرىشچانلىق) بىلەن خىلۋەت ۋە زىكىر تەشكىل قىلماقتا.[39] بۇنىڭ بىلەن بىللە يەسەۋىيلىكنىڭ ئاساسي ھۆكۈملىرى ئاللاھنى تونۇش، مۇتلەق سېخىيلىق، ھەقىقي دۇرۇسلۇق، ئىستىغراق (ئۆزىنى يوقۇتۇش، غەرق بولۇش) شەكلى بىلەن ھاسىل بولغان ساغلام ئىلىم، ھەقنىڭ پۈتۈۋەتكەن رىزقىغا شەكسىز تەۋەككۈل قىلىش ۋە چوڭقۇر تەپەككۇردۇر.[40]

[35] ھاياتى بىجە، ئەھمەد يەسەۋي، دىۋانى ھېكمەت، ئەنقەرە 1993-يىل.
[36] نامىق كەمال زەيبەك، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات.
[37] كەمال ئەرئارسلان، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، 86-بەت.
[38] يۇقىرىقى ئەسەر، 88-90-بەتلەر.
[39] كەمال ئەرئارسلان، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، 94-بەت.
[40] دەۋەلى، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، 48-49-بەتلەر.

بۇ يەردە تىۋەندىكى بىر نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش يەسەۋىيلىكنى توغرا چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەھمەد يەسەۋىينىڭ مەلامەتچىلىك ئىدىيەسى، پاسسىپ ۋە قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان جانسىز ۋە دۇنيادىن كېچىدىغان تەۋەككۇلچىلىك قىلىش بولماستىن، ئەكسىچە مۇلايىملىقتىن قەتئىيلىككە قاراپ ماڭغان ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئىرادە، تەپەككۇر كۈچى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلەرنى مۆتىدىل ۋە پايدىلىق سەۋىيەگە كۆتۈرۈش، بۇ ئارقىلىق ئېھتىياجلىق ساھەلەرگە مۇكەممەل خادىم تەربىيەلەپ دۇنياغا قارشى كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت تەۋەككۇلچىلىك قارىشىنى ئۈستۈن قىلىشتۇر.[41]

بۇ ئاساسلارغا دىققەت قىلىدىغان بولساق «يەسەۋىيلىك، تۈركىستاننىڭ شەرقىدىكى كىچىك بىر رايوندا ۋە سىر دەريا بوستانلىقىدىكى ناھايىتى تار بىر دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان شىيئەلىكنىڭ تەسىرىدە قېلىپ ئەسلىي ماھىيىتىگە خىلاپ تۈسكە كىرىپ قالغان»[42] دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلالمايمىز.[43] بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەھمەد يەسەۋىي ئەھلى سۈننەت ئېتىقادىغا مۇستەھكەم باغلانغانلىقى، شەرىئەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان تەرىقەت ئىدىيەسى، ھاياتىي كۈچكە تولغان ۋە ئىستىقامەت پەللىسىنى ئاساس قىلغان ھەقىقىي مەلامىيلىكى ئارقىلىق ئەسلى يولىدىن چەتنىگەن خاتا چۈشەنچە ۋە ئېقىملارنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا تارقىلىشىنى توسۇپ قالغان. تۈركىستاننى ئازغۇن ئىدىيەلەر ئارىلاشمىغان، ساغلام ئىمان پەللىسىدە ساقلاپ كەلگەن.[44]

ئەھمەد يەسەۋىي «سۈپى شائىر» دېگەن نامغا ھەقىقىي لايىق زاتتۇر.[45] ئۇ ئۆزىدىن كېيىن ياشاپ ئۆتكەن مەۋلانا جالالىدىن رۇمى ۋە يۇنۇس ئەمرەگە ئوخشاشلا ئىنسانىيەت دۇنياسىغا كەڭ بىر نۇقتىدىن قارايدۇ. ھەتتا بۇ نۇقتىدا ئۇلارغا تەسىر قىلغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە يەسەۋىي كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن ھېچقانداق ئىنسانغا ئازار بەرمەسلىك كېرەك دەپ قارايدۇ. [46] بۇ سەۋەبتىن ئىنسانلارنىڭ ھەم بەشەرىي ھەم مەنىۋىيىتىگە خىتاب قىلىپ، ئۇلارنى تەپەككۇر قىلىشقا ۋە ئۆزلىرىنى چۈشىنىشكە چاقىرغان. ئەھمەد يەسەۋىي شەكىلدە مىللىي، ئەمەلىيەتتە ئىسلامىي كىملىك بىلەن مەيدانغا چىقىپ، بۇ خىلدىكى پىكىر ۋە ئىش-پائالىيەتلىرى بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى تېڭىرقاپ قالغان خەلقنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى ۋە پېشۋاسىغا ئايلانغان.[47]

ئەھمەد يەسەۋىينىڭ تۇنجى ۋە مەشھۇر ئورۇنباسارى ئارسلان بابانىڭ ئوغلى مەنسۇر ئاتادۇر. (ۋاپاتى. 1197\594). مەنسۇر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى ئابدۇلمەلىك ئاتا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى تاج ھاجى، (ۋاپاتى. 1210\607) چىققان. تاج ھاجى مەشھۇر زەنگى ئاتىنىڭ دادىسىدۇر.

يەسەۋىينىڭ ئىككىنچى ئورۇنباسارى خارەزملىك سەئىد ئاتا. ئۈچىنچى ئورۇنباسارى سۇلايمان ئاتا (ۋاپاتى.1185\582). تۆتىنچى ئورۇنباسارى ھاكىم ئاتادۇر. يەسەۋىيە زەنجىرى ھاكىم ئاتىدىن كېيىن، سۇلايمان

---

[41] ئىرفان گۈندۈز، «ئەھمەد يەسەۋىينىڭ تەرىقەت ۋە ئىرشات ئىدىيەسى» يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، ئەنقەرە 1993-يىل، 190-بەت.
[42] فۇئاد كۆپرۈلۈ، ئوسمانلىي دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئەنقەرە، 1994-يىل،98-بەت.
[43] ئەدھەم جەبەجى ئوغلى، «خوجا ئەھمەد يەسەۋىي» ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيات فاكۇلتېتى ژۇرنىلى، 1993-يىل، 34-توم. 93-بەت.
[44] ئىرفان گۈندۈز، «ئەھمەد يەسەۋىينىڭ تەرىقەت ۋە ئىرشات ئىدىيەسى» يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، ئەنقەرە 1993-يىل، 190-بەت.
[45] فۇئاد كۆپرۈلۈ، تۈرك ئەدەبىياتىدا تۇنجى مۇتەسەۋۋۇپلار، 4-نەشرى، ئەنقەرە، 1981-يىل، 156-بەت.
[46] ياشار نۇرى ئۆزتۈرك، تەسەۋۋۇپ روھى ۋە تەرىقەتلەر، ئىستانبۇل 1992-يىل. 231-233-بەتلەر.
[47] ئىرفان گۈندۈز، «ئەھمەد يەسەۋىينىڭ تەرىقەت ۋە ئىرشات ئىدىيەسى» يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، ئەنقەرە 1993-يىل، 190-بەت.

ئاتا تەربىيەلىگەن مەشھۇر سوپى زەنگى ئاتا ۋە ئۇنىڭ ئورۇنباسارلىرىدىن سەييىد ئاتا ۋە سەدر ئاتا ئارقىلىق داۋاملىشىپ ماڭىدۇ.[48]

ئەھمەد يەسەۋىي ۋە يەسەۋىيلىك ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ رايونغا تارقالغان ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇلار: قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستاننىڭ بىر قىسىم جايلىرى، ۋولگا ئەتراپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلىرى، ھىندىستان ۋە ئاناتولىيە رايونىدىن ئىبارەت.[49]

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سىر دەريا بويلىرى، تاشكەنت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ماكانلاشقان يەسەۋىيلىك تەرىقىتى خارەزىم، بولۇپمۇ، ماۋەرائۇننەھردە كەڭ دائىرىدە تارقالغان. بۇنىڭ بىلەن بىللە، يەسەۋىيلىك تۈركىستاننىڭ غەربىي شىمال تۈزلەڭلىكلىرىدىن قىپچاق شىۋىسى قوللىنىلىدىغان ئىدىل ئورال رايونلىرىغىچە، خوراسان ۋە ئەزەربەيجانغىچە يېتىپ بارغان. تارىخىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە نەقشىبەندىيىە تەرىقىتى كەڭ دائىرىدە تارقالغان XV- ۋە XVI- ئەسىرلەرگىچە تۈركىستان ۋە خوراساننىڭ ھەممە جايلىرىدا دېگۈدەك ھەتتا كەشمىر، كابىل، تەمەشۋار، ھىجاز، دىيارىبەكىر ۋە ئىستانبۇلدا يەسەۋىي دەرۋىشلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى.[50]

يەسەۋىي تەرىقىتىنىڭ بۇ رايونلاردا تارقىلىشى، تۈركىستان ۋە ئاناتولىيەدە كېيىنكى دەۋردە تەرەققىي قىلغان نەقشىبەندىيىە، كۇبرەۋىييە، چىشتىييەگە ئوخشاش تەسەۋۋۇپنىڭ غول ئېقىملىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.[51] بۇلارنىڭ ئىچىدىن نەقشىبەندىيىە تەرىقىتىنىڭ ئەھمەد يەسەۋىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شاھى نەقشىبەند يەنى، مۇھەممەد باھائۇددىن بۇخارىينىڭ يەسەۋىي شەيخلىرىدىن قاسىم شەيخ ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ ھۆكۈمدارى خەلىل ئاتا بىلەن بىر مەزگىل بىرگە بولۇپ، ئۇلاردىن فەيز (ئىلھام) ئالغانلىقىغا تايانغان.[52]

نەقشىبەندىيىە تەرىقىتى شاھ نەقشىبەندىدىن كېيىن تۈركىستاندىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كېڭىيىپ يەسەۋىي تەرىقىتىنىڭ نوپۇز دائىرىسىنى تارلاشتۇرۇپ قويغان.[53] باشقا بىر قاراشقا ئاساسلانغىنىمىزدا، ئەسلى مەنبەسىنى يەسەۋىيلىكتىن ئالغان نەقشىبەندىيلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مۇتەئەسسىپلىك ۋە شەكىلۋازلىققا قېيىپ كېتىپ، يەسەۋىيلىكتىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا بىر تەرىقەت بولۇپ شەكىللەنگەن.[54]

يەسەۋىيلىكنىڭ ھىندىستان رايونىدىكى تارقىلىشى ھەققىدە كۆپ مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بىر قىسىم يەرلىك ۋە چەتئەللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدا، يەسەۋىيلىكنىڭ ھىندىستان ۋە ھىندىي

48 كەمال ئەرئار سلان، ئەھمەد يە سەۋىي، دىۋانى ھېكمەتتىن ئۆزۈندىلەر، ئەنقەرە 1991-يىل، 37-38-بەتلەر؛ فۇئاد كۆپرۈلۈ، تۈرك ئەدەبىياتىدا تۇنجى مۇتە سەۋۋۇپلار، 4-نەشرى، ئەنقەرە 1981-يىل.

49 ئەھمەد ياشار ئوجاك، «تۈرك دۇنياسىدا ئەھمەد يەسەۋىي، يەسەۋىيلىكنىڭ تارقىلىشى ۋە تەسەۋۋۇپنىڭ كۈنتەرتىپكە كېلىشى» ئەھمەد يەسەۋىي خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالىلەر، ئەرجىيەس ئۇنىۋېرسىتېتى، قەيسەرى، 1993-يىل، 299-306-بەتلەر.

50 ھاياتى بىجە، ئەھمەد يەسەۋىي، دىۋانى ھېكمەت، ئەنقەرە 1993-يىل.

51 يۇقىرىقى ئەسەر.

52 فۇئاد كۆپرۈلۈ، تۈرك ئەدەبىياتىدا تۇنجى مۇتەسەۋۋۇپلار، 4-نەشرى، ئەنقەرە، 1981-يىل، 108-109-بەت.

53 ھاياتى بىجە، ئەھمەد يەسەۋىي، دىۋانى ھېكمەت، ئەنقەرە 1993-يىل.

54 ياشار نۇرى ئۆزتۈرك، تەسەۋۋۇپ روھى ۋە تەرىقەتلەر، ئىستانبۇل 1992-يىل. 234-235-بەتلەر.

سوپىلىقىغا كۆرسەتكەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك تەسىرلىرى تىلغا ئېلىنغان. تەتقىقاتلار ۋە قولىمىزدىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغىنىمىزدا، مۇڭغۇل ئىستىلاسى باشلانغان دەۋرلەردە نۇرغۇنلىغان يەسەۋىي شەيخ ۋە دەرۋىشلىرى ھىندىستان رايونىنى تاللىۋالغان. XIII-ئەسىردە كەشمىردىن باشلاپ ھىندىستاننىڭ ئىچكى قىسىملىرىغىچە سىڭىپ كىرگەن. پەقەت XIV- ئەسىردىن باشلاپ ھىندىستان تەسەۋۋۇپىدا ئىران تەسىرى بىر قەدەر ئېغىرلاشقان.[55]

يەسەۋىيلىكنىڭ ئاناتولىيەدىكى تارقىلىش ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، يەسەۋىيلىك مۇڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن، XIII- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئونبەش يىلىدا ئاناتولىيەگە كىرگەن. چۈنكى بۇ دەۋردە ئاناتولىيەدىكى خەلقلەر ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بوھرانغا دۇچ كەلگەن ئىدى. يەنە كېلىپ ئاناتولىيەدە ئىسلام دىنى بىلەن خىرىستىئان دىنى ئوتتۇرىسىدىكى نوپۇز كۈرىشى ۋە ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلار داۋاملىشىۋاتاتتى. مانا مۇشۇنداق شارائىتلار ئاناتولىيەنى تەسەۋۋۇپ ئېقىملىرى ماس كېلىدىغان يەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغان.[56] بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، يەسەۋىي دەرۋىشلىرىنىڭ خارەزم، خۇراسان ۋە ئەزەربەيجان يوللىرى ئارقىلىق ئاناتولىيەگە كىرىشىنى، پاراستلىك ۋە كەڭ قورساق ئاناتولىيە سەلجۇقىي سۇلتانلىرىنىڭ رولىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

يەسەۋىي ۋە ھەيدەرىي دەرۋىشلىرى ئارقىلىق ئاناتولىيەگە كىرگەن يەسەۋىيلىك XIII- ئەسىرگە كەلگەندە، قۇتبىدىن ھەيدەر ئىسىملىك بىر تۈرك شەيخى تەرىپىدىن يەسەۋىيلىك بىلەن قەلەندەرىيلىكنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق قۇرۇلۇپ، ھەيدەرىيلىك تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان. XVI- ئەسىردە ھەيدەرىيلىكنىڭ ئورنىنى بەكتاشىيلىق ئېلىپ يەسەۋىيلىكنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغان.بۈگۈنكى كۈندە يەسەۋىيلىكنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئانادولۇ ۋە بالقان رايونلىرىدا بەكتاشىلىق جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.[57] باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يەسەۋىيلىك ئەنئەنىلىرىگە بەكتاشىيلىق ۋارىسلىق قىلماقتا.[58] بۇ ھەقتىكى باشقا بىر قاراشقا ئاساسلانغىنىمىزدا، ئەسلىي مەنبەسى يەسەۋىيلىك بولغان بەكتاشىيلىق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىباھىيە ۋە لاقەيتلىك (شەرتسىز ئەركىنلىك)كە قېيىپ كېتىش نەتىجىسىدە يەسەۋىيلىكتىن ئايرىلغان.[59]

يەسەۋىيلىك بىلەن بەكتاشىيلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كەلسەك، ئەھمەد يەسەۋىي بىلەن ھاجى بەكتاشى ۋەلى ئارىسىدىكى ۋاپات بولۇش ۋە تۇغۇلۇشتىكى ۋاقىت پەرقى ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئەللىك يىلدىن يۇز يىللىغىچە بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن تەزكىرىلەردە ئىككىسىنىڭ زاماندىش ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ھەتتا ھاجى بەكتاشى ۋەلىنىڭ ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ئورۇنباسارى بولغانلىقى يېزىلغان.[60] ئەمەلىيەتنىڭ يۇقىرىقى

---

[55] ئەھمەد ياشار ئوجاك، «تۈرك دۇنياسىدا ئەھمەد يەسەۋىي، يەسەۋىيلىكنىڭ تارقىلىشى ۋە تەسەۋۋۇپنىڭ كونتەرتىپكە كېلىشى» ئەھمەد يەسەۋىي خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالىلەر، ئەرجىيەس ئۇنىۋېرسىتېتى، قەيسەرى، 1993-يىل، 301-بەتلەر.
[56] دەۋلى، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، 42-بەت.
[57] ئەھمەد ياشار ئوجاك، «تۈرك دۇنياسىدا ئەھمەد يەسەۋىي، يەسەۋىيلىكنىڭ تارقىلىشى ۋە تەسەۋۋۇپنىڭ كونتەرتىپكە كېلىشى» ئەھمەد يەسەۋىي خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالىلەر، ئەرجىيەس ئۇنىۋېرسىتېتى، قەيسەرى، 1993-يىل، 302-بەتلەر.
[58] ئەھمەد ياشار ئوجاك، ئانادولۇ تەسەۋۋۇپىدا ئەھمەد يەسەۋىي ۋە يەسەۋىيلىك، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، 331-بەت.
[59] ياشار نۇرى ئۆزتۈرك، تەسەۋۋۇپ روھى ۋە تەرىقەتلەر، ئىستانبۇل 1992-يىل. 234-235-بەتلەر.
[60] دەۋلى، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، 42-بەت. ئەلى ئاقتاننىڭ كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش ئوسمانلىيلار تارىخچىلىرىدىن مۇستافا ئەلى ئەفەندىنىڭ كۈنھۇل ئەخبار ناملىق كىتاۋىدىمۇ مۇشۇنداق قەيت قىلىنغان. ئەمما ئەلى ئاقتان بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. (قاراڭ: ئەلى ئاقتان، <كۈنھۇل ئەخبارغا ئاساسەن وجا ئەھمەد يەسەۋىي ۋە ئاناتولىيەدىكى ئورۇنباسارلىرى> ئەھمەد يەسەۋىي خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالىلەر، ئەرجىيەس ئۇنىۋېرسىتېتى، قەيسەرى، 1993-يىل، 14-بەت).
يەنە بۇ ھەقتە كەڭ دائىرىلىك مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز قاراڭ: فۇئاد كۆپرۈلۈ، تۈرك ئەدەبىياتىدا تۇنجى مۇتەسەۋۋۇپلار، 4-نەشرى، ئەنقەرە، 1981-يىل، 48-

قاراشقا ئوخشىمايدىغانلىقى ۋە ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ھاجى بەكتاشى ۋەلى ئۈستىدىكى تەسىرى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەتتۇر. ئەملىيەتتە ۋىلايەتنامەلەردە ئەھمەد يەسەۋىيگە كۆرسىتىلگەن ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتنى باشقا ھېچقانداق يەردىن ئۇچرىتالمايمىز. بۇ كىتابلاردا ئەھمەد يەسەۋىي ھەققىدە «توقسان توققۇز مىڭ تۈركىستان پىرىنىڭ ئۇلۇغى» ۋە «پىرلەرنىڭ پىرى» مەزمۇنىدىكى بايانلارنى ئۇچرىتىمىز.[61]

بۇ ھەقتە ئەھمەد يەسەۋىينىڭ بەكتاشىلىق يولى ئارقىلىق يۇنۇس ئەمرەگىمۇ تەسىر قىلغانلىقىنى ئېيتالايمىز. ئەمما، ئاناتولىيەدە تەرەققى قىلغان تەسەۋۋۇپ ھەركىتىنىڭ مۇھىم شەخسلىرىدىن بىرى بولغان يۇنۇس ئەمرەنىڭ شەيخى تاپتۇق ئەمرەنىڭ بەكتاشىيلىق ئەنئەنىسىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم.[62] دېمىسىمۇ، ئەھمەد يەسەۋىي، ھاجى بەكتاشى ۋەلى ۋە يۇنۇس ئەمرەدىكى «تۆت ئىشىك، قىرىق ماقام»[63] ۋە ھېكمەتلەر بىلەن يۇنۇس ئەمرە شېئىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق[64] بۇ تەسىرلەرنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى بولالايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھېكمەتلەر يۇنۇس ئەمرەنىڭ ئاۋازى ئارقىلىق ھۆكمەت (دىنىي ناخشا)لارغا ئايلىنىپ بىزگىچە يېتىپ كەلدى.[65]

مەيلى ئانادولۇدا بولسۇن، ياكى رۇمېلىدە بولسۇن، ھاجى بەكتاشى ۋەلى ۋە يۇنۇس ئەمرەدىن باشقا يەسەۋىي دەرۋىشلىرىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇمدۇر. ئوسمانىيلار دەۋرىدىكى مەشھۇر سەيياھ ۋە ئىينى زاماندا نەسەبى ئەھمەد يەسەۋىيگە تۇتىشىدىغان ئەۋلىيا چەلەبىينىڭ ساياھەتنامىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، يەسەۋىي تەرىقىتىدىكى مەشھۇر شەخسلەر يەنى، يەسەۋىي دەرۋىشلىرى مۇنۇلاردۇر:

شىرۋان نىيازئاباد شەھرىدە ئاۋشار بابا؛ بۇرسا شەھرىدە ئابدال مۇسا؛ قارا دېڭىز بويلىرى، باتۇۋادا ئاقيازىلى ئەزىز؛ بۇرسا شەھرىدە كېيىكلىك بابا؛ توكات شەھرىدە گاجگاج بوۋا؛ ئىستانبۇل ئۇنكاپىدا خوراز بوۋا؛ يوزگات شەھرىدە ئەمىر چىن ئوسمان؛ زىلەدە شەيخ نۇسرەت؛ مەرزىفۇندا شەيخ پىر بوۋا؛ قىلىبە يولى ئاداتەپەدە قەدەملى بابا ۋە رۇمەلى فەتھىنىڭ مەنئۇي باشلامچىسى سارى سالتۇق.[66]

بۈگۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەسەۋىيلىك، XIX- ئەسىرنىڭ يېرىمىدىن كېيىن، لاچىلار نامى ئاستىدا باشقا تۈسكە كىرىپ قالغان. ئەسلىي يولىدىن چەتنىگەن لاچىلار 1870-يىلى قوقەند خانى تەرىپىدىن زىندىق ئېلان قىلىنىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان سانئۇار ئىسىملىك يەسەۋىي شەيخى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىدى. 1920-يىلى لاچىلار ئىچىدىكى يەسەۋىي شەيخى ئەبۇ مۇتتەلىب گاتىبالدىۋ تەرىپىدىن چاچلىق ئىشانلار قۇرۇلغان.

54-بەت؛ ئەھمەد ياشار ئوجاك، ھاجى بەكتاشى ۋەلى، ديانەت ئىسلام ئېنسكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل 1996-يىل. 14-توم، 457-458.

[61] مۇرسەل ئۆزتۈرك، ئەھمەد يەسەۋىي، ھاجى بەكتاشى ۋەلى ۋە يۇنۇس ئەمرە زەنجىرى، يەسەۋىيلىك ھەققىدە مەلۇمات، 222-بەت.

[62] ئايخان پالا، يەسەۋىيلىكتىن بەكتاشىلىققىچە تۈرك مۇسۇلمانلىقى، يەسەۋىيلىكتىن مەلۇمات، 235-بەت.

[63] بۇ ھەقتە قارالسۇن: مۇستافا تاتجى، ئەھمەد يەسەۋىي، ھاجى بەكتاشى ۋەلى ۋە يۇنۇس ئەمرەدىكى «تۆ ئىشىك، قىرىق ماقام» يەسەۋىيلىكتىن مەلۇمات، 238-245-بەتلەر.

[64] بۇ ھەقتە قارالسۇن: ئەلى يىلماز، «ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن يۇنۇس ئەمرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى تەسەۋۋۇپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوخشاشلىقلار»، ئەھمەد يەسەۋىي خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالىلەر، 1993-يىل.

[65] ئىرەنە مەلىكوف، «ئەھمەد يەسەۋىي ۋە تۈركلەردە ئىسلامىيەت»، ئەھمەد يەسەۋىي خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالىلەر،1992-يىل.

[66] فۇئاد كۆپرۈلۈ، تۈرك ئەدەبىياتىدا تۇنجى مۇتەسەۋۋۇپلار، 4-نەشرى، ئەنقەرە، 1981-يىل، 46-55-بەتلەر؛ مۇستافا ئەكىنجىكلى، «ئەۋلىيا چەلەبى ساياھەتنامىسىدە يەسەۋىيلىك» قەيسەرى 1993-يىل، 115-118-بەتلەر.

مەيلى لاچىلار بولسۇن ۋە مەيلى قىرغىز، ئۆزبېك ۋە تاجىكلاردىن ئەگەشكۈچىلىرى بولغان چاچلىق ئىشانلار بولسۇن، ھازىرغىچە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.[67]

ئەھمەد يەسەۋي بىلەن ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكەن ۋە «ئالىپ ئەرەنلەر، خۇراسان ئەرەنلىرى، غازىيانى رۇم (رۇم غازىلىرى)، ئابدالانى رۇم (رۇم ئابداللىرى)» دېگەندەك ناملار بىلەن مەشھۇر غازى دەرۋىشلەر ئاناتولىيە، شەرقى تراكىيا، بالقانلارنىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان. مەدەنىيەت تارىخىمىزدا «كاتالىزاتور تۈرك دەرۋىشلىرى» دېگەن نامدا تونۇلغان مەشھۇر كىشىلەر ئەھمەد يەسەۋينىڭ ئىدىيەسى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ تۈپ ئاساسىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرى بىلەن مۇھاپىزەت ئاستىغا ئالغان. فەتىھ قىلىنىشتىن بۇرۇنقى تۇپراقلاردا قۇرغان ۋە ئەينى زاماندا ئەسكەرلەرنىڭ قاراۋۇلخانىسى ئورنىدىكى تەكىيخانىلار ئارقىلىق غەيرىي مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنى بىلەن ئۇچراشتۇرغان. بۇ خىل شەكىلدە فەتىھلەرگە شارائىت ھازىرلىغان. ئەڭ دەسلەپ ئاناتولىيە، كەڭ مەنىسى بىلەن شەرقىي تراكىيا ۋە بالقانلارنىڭ تۈرك ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىشىشىغا ئورۇن ھازىرلاپ بەرگەن.[68]

ئەھمەد يەسەۋي تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئىدىيە ۋە قاراشلىرى بىلەن ئۆز زامانىدىلا ئەمەس بۈگۈنكى كۈنىمىزدىمۇ تەسىرىنى يوقاتمىغان. ئەھمەد يەسەۋي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 900- يىلىغا ئۇدۇل كەلگەن 1993- يىلىنىڭ «ئەھمەد يەسەۋي يىلى» دەپ ئېلان قىلىنىشى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ.

---

[67] ئەھمەد ياشار ئوجاك، «تۈرك دۇنياسىدا ئەھمەد يەسەۋي ۋە يەسەۋيلىكنىڭ تارقىلىشى ۋە تەسەۋۋۇپنىڭ كۈنتەرتىپكە كېلىشى»، ئەھمەد يەسەۋي خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىندا ئوقۇلغان ماقالىلەر، ئەرجىيەس ئۇنىۋېرسىتېتى، قەيسەرى، 1993-يىل، 303-بەتلەر.

[68] ئاناتولىنىڭ تۈركلىشىشى ھەققىدە قاراالسۇن: مۇجگان جۇمبۇر، «ئەھمەد يەسەۋينىڭ ئاھلار ۋە غازىلىرى ئارقىلىق ئاناتولىنىڭ تۈركلىشىشىدىكى ئورنى»، ئەھمەد يەسەۋي خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىندا ئوقۇلغان ماقالىلەر، ئەرجىيەس ئۇنىۋېرسىتېتى، قەيسەرى، 1993-يىل، 63-68-بەتلەر.